# ئادەم ئەۋلادلىرى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلغاندا، شەيتان بىر چەتكە چىقىپ يىغلايدۇ، ۋاي ئىسىت! ئادەم ئەۋلادلىرى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى، سەجدە قىلدى، جەننەتكە ئېرىشتى، مەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغاندا سەجدە قىلىشتىن باش تارتىپ دوزاخقا ئېرىشتىم دەيدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئادەم ئەۋلادلىرى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلغاندا، شەيتان بىر چەتكە چىقىپ يىغلايدۇ ۋاي ئىسىت! ئادەم ئەۋلادلىرى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى، سەجدە قىلدى، جەننەتكە ئېرىشتى، مەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغاندا سەجدە قىلىشتىن باش تارتىپ دوزاخقا ئېرىشتىم دەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئادەم ئەۋلادلىرى قۇرئان كەرىمدە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان سەجدە ئايەتلىرىدىن بىرنى ئوقۇغان ۋاقتىدا ئالالاھنىڭ بۇيرىغا بويسۇنۇپ سەجدە قىلىدۇ، شەيتان قۇرئان ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، ئادەم ئەۋلادلىرى ئېرىشكەن ئىززەتكە ھەسەد قىلىپ، ئۆزى گەردەنكەشلىك سەۋەبىدىن يوقۇتۇپ قويغان ھۆرمەتكە، ئۇچرىغان خارلىق، مالامەتكە ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ۋاي ئېسىت! ئادەم ئەۋلادلىرى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى، سەجدە قىلدى، جەننەتكە ئېرىشتى، مەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغاندا سەجدە قىلىشتىن باش تارتىم، يەنى ۋاي ئىسىت! ئالالاھ ئادەم ئەۋلادلىرنى سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىپ سەجدە قىلىپ جەننەتكە ئېرىشتى، مېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى، مەن گەردەنكەشلىك قىلىپ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ سەجدە قىلماي دوزاخقا ئېرىشتىم دەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10572